السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# قۇشلارنىڭ ئۇچىشىغا كۆرە ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ ئىشلىرىنى بېكىتكەن، رەمبال-پالچىلىق قىلغان ياكى ئۇلارنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئىشەنگەن، سېهىر قىلغان ياكى قىلدۇرغان

ئىمران بىن ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قۇشلارنىڭ ئۇچىشىغا كۆرە ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ ئىشلىرىنى بېكىتكەن، رەمبال-پالچىلىق قىلغان ياكى ئۇلارنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئىشەنگەن، سېهىر قىلغان ياكى قىلدۇرغان، بىر نەرسىلەرنى چېگىپ ئۇنىڭغا سېهىر قىلغان، رەمبال-پالچىنىڭ يېنىغا بېرىپ ھاجىتىنى سوراپ ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنگەن كىشى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ھەق دىنغا ئىنكار قىلغان بولىدى».

[ھەسەن] [بەززار رىۋايىتى]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۈممىتىدىن بولغان بەزى كىشىلەرنىڭ بەزى ئەمەللىرىنى قىلغانلىرىنى «ئۇلار بىزدىن ئەمەس» دېگەن سۆز ئارقىلىق جازاغا دۇچار بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، ئۇ ئىشلاردىن: بىرىنچى: «كىمكى قۇش ئۇچۇرسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن باشقىلار قۇش ئۇچۇرسا» دېگەن سۆزدىن بولغان مەقسەت: جاھىلەت دەۋرىدە سەپەر، تىجارەت ۋە باشقا ئىشلارنى باشلايدىغان ۋاقىتتا، قۇشنى قويۇپ بېرەتتى، ئەگەر قۇش ئوڭ تەرەپكە ئۇچسا بۇنىڭدىن ياخشىلىق بولىدۇ دەپ ئىشنى داۋاملاشتۇراتتى، ئەگەر قۇش سول تەرەپكە ئۇچسا، بۇنىڭدىن شۇم پال ئېلىپ قىلماقچى بولغان ئىشىدىن ۋاز كېچەتتى. بۇ تۈردىكى ئىشلارنى ئۆزى قىلسىمۇ ياكى باشقىلارغا قىلدۇرسىمۇ توغرا بولمايدۇ. كۆزى كۆرگەن ۋە قۇلىقى ئاڭلىغان ھەر قانداق قۇش، ھايۋان، بالا-قازاغا ئۇچرىغان، سان-سېپىر، كۈنلەر ۋە ئايلار قاتارلىق نەرسىلەردىن شۇم پال ئېلىش بۇنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ. ئىككىنچىسى: رەمبال-پالچىلىق قىلغان ياكى ئۇلارنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئىشەنگەن: يەنى ئاسترونۇمىيە ئىلمى ۋە باشقا ۋاستىلارنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ غەيىپنى بىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلغان ياكى غەيىپنى بىلىمەن دەيدىغان رەمبال-پالچىلارنىڭ يېنىغا بارغان ۋە ئۇلارنىڭ غەيىپنى بىلىمەن دېگەن سۆزىگە كۆرە، ئۇلارنىڭ دېگەن سۆزلىرىگە ئىشەنگەن كىشى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ھەق دىنغا كاپىر بولغان بولىدى. ئۈچىنچى: سېهىر قىلغان ياكى قىلدۇرغان: يەنى بىر ئىنسانغا پايدا ياكى زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆزى سېهىرگەرلىك قىلغان ياكى باشقىلارنى ئۆزى ئۈچۈن سېهىرگەرلىك قىلدۇرغان، باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن چېگىك چېگىپ ئۇنىڭغا ھارام-شېرىك ئارىلاشقان بىر نەرسىلەرنى ئوقۇپ سۈپ-كۈش قىلىپ سېهىر قىلغان كىشى.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/5981

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee